# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
24
يەكشەنبە
维吾尔文 11 月24日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 ‏شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24889 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو بىلەن ئالبانىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئالبانىيە زۇڭتۇڭى مېتا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

## لى كېچياڭ ئالبانىيە زۇڭلىسى راما بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئالبانىيە زۇڭتۇڭى مېتا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

# مارالبېشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا تولۇق غەيرەتكە كەلدى

## ـــ ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (5)

**□گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى خەن چىنيەن، يۈ چياڭفۇ، ليۇ يى**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا، مارالبېشى ناھىيەسى دادىللىق بىلەن قول سېلىپ ئىشلەپ، تەدبىرلەرنى سىناق قىلىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ 27.23% بولۇشىدىن 2018 ـ يىلدىكى 6.6%كە تۆۋەنلەتتى، بۇ يىل نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ 0.13%كە تۆۋەنلىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇخبىرلار مارالبېشى تۇپرىقىغا قەدەم قويۇپ، بۇ يېزا ئىگىلىك چوڭ ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش يولى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

■**يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئوبوروت قىلىش ـــ بىر ئىشتىن كۆپ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ يېتەرلىك بولدى**

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، پارلىنىش مىقدارى زور، قۇملىشىش، شورلىشىش كۆلىمى تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 76.35%نى ئىگىلىگەن بولۇپ، يېرى ئۈنۈمسىز، خەلقى نامرات ئىدى.

2014 ـ يىلى، پۈتۈن ناھىيەدە 117 نامرات كەنت بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر نامرات كەنتتىن 43ى بار ئىدى.

«نامراتلىقنىڭ يىلتىزى» نەدە؟

مارالبېشى ناھىيەسىدىكى كادىرلار، ئاما كەسىپ ئاساسى ئاجىز بولۇش، پاختىچىلىقتىن ئىبارەت بىر كەسىپلا زور بولۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىم مەنبەسى يەككە بولۇش... نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش سەۋەبىنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، تېرىقچىلىقنىڭ پايدىسىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا، دېھقانلارنى مۇقىم بولغان يەر كىرىمىگە ئىگە قىلىش، يەنە ئۇلارنى جاپالىق، ئېغىر ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىن ئازاد قىلىش؛ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى تىرەك قىلىپ، پاختا كەسپى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پاختا چوڭ ناھىيەسىنى پاختا كۈچلۈك ناھىيەسىگە ئايلاندۇرۇش؛ ئىشنى يەرنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتىن باشلاپ، يەرنى ئوبوروت قىلىشنى يولغا قويۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ چۇڭقۇرچاق يېزىسى ئاقتوغراق كەنتى ئېغىر نامرات كەنت بولۇپ، پۈتۈن كەنتتىكى 691 ئائىلىلىك 2361 ئادەم ئىچىدە نامرات ئاھالە 323 ئائىلىلىك 1147 ئادەم ئىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ كەنت دېھقانلار يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ھەر مو يەرنى ھەر يىلى 500 يۈەن باھا بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ 420 مو يېرىنى ئوبوروت قىلدى. دۆڭ ـ ئازگاللارنى تۈزلەش ئارقىلىق يەر كۆلىمىنى 560 موغا كۆپەيتتى.

«ھەمكارلىق كوپېراتىپى سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات قىلىش ھەمدە يەر باشقۇرۇش بويىچە كۆچۈمەلەشتۈرۈپ ئۇلگە كۆرسىتىشنى قوللىنىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مارالبېشى ناھىيەسى سېرىقبۇيا بازىرى بوزئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرىمانگۈل ئۇرايىم ئۆيى ئالدىدىكى گۈللەرنى سۇغارماقتا. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇنداق يېڭى ئۆيدە ئولتۇرغاندا چوقۇم چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇش كېرەك.» ھازىرغا قەدەر، بۇ كەنتتە سېلىنغۇاتقان 200 يۈرۈشتىن ئارتۇق ئەمىن ئۆي تولۇق پۈتۈپ، كەنتنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى. □گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جىننەن سىزغان

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

## كۆرەش قىلىش ئارقىلىق مۇقىم بەختكە ئېرىشىش

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

**□يۈ چياڭفۇ**

مارالبېشى ناھىيەسىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، بىز ھەر بىر كۈندە تەسىراتقا ئىگە بولدۇق.

بۇ ناھىيەنىڭ مارالبېشى بازىرى شىڭفۇيۈەن مەھەللىسىگە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 813 ئائىلىلىك 3435 نامرات ئاھالە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ نامرات ئاھالىلەر يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ، كېسەك ئۆيلەردىن بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ بوزئېرىق كەنتىدە ئىلگىرىكى توپا تام، كېسەك ئۆيلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئاقارتىلغان يېپيېڭى خىش ئۆيلەر ئالغانىدى.

چۇڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ ئاقتوغراق كەنتىدە كەنت ئاھالىلىرى يەرنى ئوبوروت قىلىشتىن قىلغان كىرىمنى ئالغان بولۇپ، مۇخبىرلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن تەڭ بەھرىلەندۈردى...

ئۇلارنىڭ قەلبى مىننەتدارلىققا تولغانىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىمۇ تولۇپ تاشقانىدى. پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىش مېڭىش ئۇلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان ئېتىقادقا ئايلانغانىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئۆمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا جەمئىي 103 مىڭ 700 ئائىلىسى نامرات ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى

مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇانىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈمىد قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا جەمئىي توپلانغان تۈرلۈك خەير ـ ساخاۋەت پۇلى، ماددىي ئەشيا تەخمىنەن 512 مىليون يۈەن قىممىتىدە بولۇپ، 517 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى، ئۈمىد يەسلىسى، بىر ئۈمىد دوختۇرخانىسى ياردەم بېرىلىپ قۇرۇلغان؛ ئائىلىسى نامرات جەمئىي 103 مىڭ 700 ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىلگەن، ئىئانە بىلەن قۇرۇلغان ئۈمىد قۇرۇلۇشى شادلىق يۈرۈشلۈك تۈرى 2480 بولغان.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئۈمىد قۇرۇلۇشىدا كۆپ يوللۇق، كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش سىستېمىسى شەكىللەندى، ياردەم بېرىش ئۇسۇلىمۇ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي جەھەتتە ياردەم بېرىش، يۆلەشتىن ماددىي، مەنىۋى جەھەتتە ياردەم بېرىش، يۆلەشتەك كۆپ تۈرلۈك ياردەم بېرىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# شىنجاڭ مېۋىچىلىكى پىچان ئۈزۈم سودىسى مەركىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

## شىنجاڭ ئىچىدىكى مېۋە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردا سودا بازىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن تاماملاندى

مۇخبىرىمىز شى شىنىڭ شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شىنجاڭ مېۋىچىلىكى پىچان ئۈزۈم سودىسى مەركىزى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش تورىدىكى مېۋە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردىكى سودا بازىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسەن تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

شىنجاڭ مېۋىچىلىكى پىچان ئۈزۈم سودىسى مەركىزىگە جەمئىي 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن كۆلىمى 500 مو، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 170 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكەن ئۆلچەملەشكەن پىششىقلاش سېخى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر، يېڭى پېتى سوغۇق ساقلاش ئامبىرى 7000 كۋادرات مېتىر، ئامبار سودا لاپىسى 140 مىڭ كۋادرات مېتىر، سودا راستچوت مۇلازىمەت زالى قاتارلىق باشقا يانداش مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۈزۈم، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە قوغۇن قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى نەق مال سودىسى، ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش، ئامباردا يېڭى پېتى ساقلاش، ئەشيا ئوبوروتى سوغۇق زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى يىغىش ـ تارقىتىش مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايونلۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بىرىنچى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىغا بېرىپ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يېتەكچىلىك قىلدى

# تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** مەركەزنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى «قايتا قاراپ چىقىش» ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېقىندا ئاپتونوم رايون ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەر گۇرۇپپىسى باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئالغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى «قايتا قاراپ چىقىش» بەش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى، ئەھۋال ئىگىلىدى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئالغا سىلجىتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق «ئىنتىزام، قانۇننى قەلبكە چىڭ پۈكۈش، پاك ـ دۇرۇس بولۇش ماڭا ھەمراھ» زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

# پارتىيە ئىنتىزامى، قانۇن ـ نىزاملارنى قەلبكە چىڭ پۈكۈش، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئىنتىزام، قانۇننى قەلبكە چىڭ پۈكۈش، پاك ـ دۇرۇس بولۇش ماڭا ھەمراھ» زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىرگەن سەككىز ۋەكىللەر كوماندىسى يۇقىرى سەۋىيەدە رىقابەتلەشتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر كوماندىسى ئەڭ ئاخىردا ئەلا ئىپادىسى بىلەن 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋەكىللەر كوماندىسى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP



شىنجاڭ ياخشى جاي

## قارلىق دالا ئات بەيگىسى

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، كەنت ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) لياڭخې تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ماجياجۇاڭزى كەنتىدە قارلىق دالا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزمەكتە. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، بۇ باشقۇرۇش كومىتېتى قىش پەسىللىك ئات بەيگىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

□مۇخبىرىمىز شىې لۇڭ فوتوسى

دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز بېتون يۈزلۈك شېغىل توسما ـــ

# شىنجاڭ چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا سۇ ئېقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇلدى

## مەخسۇس يول ۋە ئەسلىھە ياساش ئارقىلىق تۆۋەن ئېقىندىكى بېلىقلارنىڭ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈشىگە ياردەم بېرىلدى

مۇخبىرىمىز **دۇ جيەنخۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاقسۇ قۇملاق دەرياسى بويىدا، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئىچىدە، دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز بېتون يۈزلۈك شېغىل توسما ـــ شىنجاڭ چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا سۇ ئېقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇلدى.

«چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ چوڭ توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 247 مېتىر بولۇپ، ھازىر ياسىلىۋاتقان دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز بېتون يۈزلۈك شېغىل توسما ھېسابلىنىدۇ، بېتون يۈزلۈك توسما لايىھەلەش، قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن» دېدى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچى تەرەپ، شىنجاڭ گېجۇبا چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، باش دىرېكتور سۇڭ شياۋجيەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)